# ئەر تۆكۈپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ شانلىق سەھىپىسىنى يارىتىش

## — باش شۇجى شى جىنپىڭ غەم يېگەن خەلق تۇرمۇشى ئىشلىرى «ئىشلىگەنلەر ھەق ئالالايدىغان بولۇش» قىسمى

(بېشى 1 - بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭ پەن يۇگىنىڭ قۇرۇلۇش ئىش ئورنىدىكى ۋاقىتلىق كىچىك ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ خىزمەت، كىرىم ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى سەممىي ئىگىلىدى.

«باش شۇجى بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىگە: بىر قېتىم كېلىش ئاسان ئەمەس، بېيجىڭنىڭ مەنزىرە نۇقتىلىرىنى كۆرۈپ، ياخشى جەم بولۇڭلار، دەپ تاپىلىدى» دېدى پەن يۇڭ ئەينى چاغدىكى كۆرۈشۈشنى ئەسلەپ تەسىرلەنگەن ھالدا.

«دېھقان ئىشلەمچىلەر ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن بۇيان مەيدانغا كەلگەن بىر يېڭى تىپتىكى ئەمگەك چوڭ قوشۇنى، دۆلەت قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم كۈچ، پۈتۈن جەمئىيەت چوقۇم دېھقان ئىشلەمچىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشى، كۆيۈنۈشى كېرەك.» ھەر قېتىم باش شۇجىنىڭ بۇ سەمىمىي سۆزىنى ئېسىگە ئالغىنىدا پەن يۇڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنىڭ غەيرەتكە تولغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شەھەر قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تەر تۆكۈش، گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىش ئىرادىسىگە كېلىدۇ.

2014 - يىلى پەن يۇڭ قۇرۇلۇش ئىش ئورنىنىڭ بەنجاڭلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. يېڭى كەلگەن ئىشچىلار خىزمەتكە پىششىق بولمىغاچقا، ئۇ قولمۇقول سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگەتتى. بۈگۈنكى كۈندە، نەچچە ئون كىشىلىك قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتىدۇ، پەن يۇڭ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بېيجىڭ - شىنياڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولى، ۋۇخەن مېتروسى، شۇجۇ مېتروسى قاتارلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىغا قاتناشتى. جاھان كېزىپ تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى ئېچىپلا قالماي، كىرىممۇ ئالتە يىل ئىلگىرىكىدىن بىر قاتلاندى.

ئاز - تولا ئۇتۇق قازانغان پەن يۇڭ ئۆزى ئىشلەپ تاپقان پۇلغا يۇرتىدىكى بازاردىن ئىككى قەۋەتلىك كىچىك بىنا سېتىۋالدى. قىزىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ئىزچىل ياخشى ھەم ناھايىتى ئىش ئۇقىدۇ. پەن يۇڭ كۈنلىرىنىڭ بارغانسېرى كۆڭۈللۈك ئۆتىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ.

**[مۇخبىرنىڭ خاتىرىسى]**

ئۇزلۇكسىز كۈرەش قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ مۇقىم خىزمەتكە ئېرىشىپ، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشىنى قولغا كەلتۈردى. پەن يۇڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئۇنىڭ «ئىشلىگەنلەر ھەق ئالالايدىغان بولۇش»ى ئىدى.

2013 - يىلى 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ 12 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىينىڭ 1 - يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى: «ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۇلۇغ غايىگە ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇلۇغ ئىشلارنى تاماملاش ھارماي - تالماي تىرىشىپ خىزمەت قىلغانلىقتىن.» دۆلىتىمىز يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ ھەم ئۇزاققىچە تۇرىدۇ، جۇڭگو ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، پۈتۈن خەلقنىڭ تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشنى يارىتىشتا ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق، ھەربىرىمىزنىڭ داۋاملىق جاپالىق ئەمگەك قىلىشىمىز ۋە جاپالىق تىرىشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا، دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ كۆپ خىل يوللار بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا كەسىپلەرگە يۆتكىلىشكە يېتەكلەش قاتارلىق بىر قاتار تەدبىرلەر زىچ ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، خەلق ئاممىسى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىندى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ شەھەر - بازارلىرىدىكى خۇسۇسىي ئىگىلىكتە بولمىغان، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ئورۇنلاردا ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 46 مىڭ 769 يۈەن ۋە 28 مىڭ 752 يۈەندىن 82 مىڭ 461 يۈەن ۋە 49 مىڭ 575 يۈەنگە ئۆسۈپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن نامدا بىر ھەسسىگە يېقىن ئاشتى؛ 2019 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 15 مىڭ 294 يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن نامدا 8.8% ئاشتى، پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى خاراكتېرلىك كىرىمى 8793 يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن نامدا 8.7% ئېشىپ، ھەر ئىككىسى GDP نىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن ئېشىپ كەتتى...

كۈرەش قىلغاندىلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. پەن يۇڭغا ئوخشاش مىليونلىغان شەھەر قۇرغۇچىلىرى بىر جۈپ قولى ۋە تەرى ئارقىلىق گۈزەل تۇرمۇشقا تۇتىشىدىغان داغدام يولنى ئاچتى.

**[ئىككىنچى ھېكايە]**

**ماھارەت تەربىيەسى 8000 كىشىنىڭ ئىختىساسلىقلاردىن بولۇش ئارزۇسىغا كۈچ قوشتى**

يۇقىرى ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ «باشلامچىسى»، يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشنىڭ «باشلامچىسى»، ئىشلەپچىقىرىش - ئوقۇتۇش - تەتقىقات - قوللىنىشنى چوڭقۇر يۇغۇرۇشنىڭ «تۆۋرۈكى»... قارا رامكىلىق كۆزەينەك تاقىغان، كۆل رەڭ خىزمەت كىيىمى كىيگەن ۋاڭ چۈەنلۇڭنى كۆرگەندە ئۇنىڭ ئاددىي ئوبرازىنى بۇ مەدھىيەلەر بىلەن باغلاش تولىمۇ قىيىن ئىدى.

بۇ يىل 31 ياشقا كىرگەن ۋاڭ چۈەنلۇڭ جۇڭگو (تيەنجىن) كەسپىي ماھارەت ئاممىۋى ئەمەلىي مەشىق مەركىزى زامانىۋى ياسىمچىلىق تېخنىكىسى ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى. ئالتە يىل ئىلگىرى، ئۇ تېخى ئاددىي ياش ئەمەلىي مەشىق ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئالتە يىلدا، ئۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سەمىمىي تەلىمىنى باشتىن - ئاخىر ئۇنتۇماي، «ھۈنەرۋەن روھى»نى دادىل ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، كەسپىنى ئۇزلۇكسىز قېتىرقىنىپ ئۆگەندى.

ۋاقتى 2013 - يىلى 5 - ئايغا قايتۇرساق، ئەمەلىي مەشىق مەركىزىنىڭ ئىلغار ياساش، پىششىقلاش تېخنىكىسى بويىچە ئەمەلىي مەشىق قىلىش سېخىدا، يۇقىرى دەرىجىلىك رەقەملىك كونترول قىلىنىدىغان ئىستانوك غوڭۇلداپ مېڭىۋاتاتتى، ئۈچ ئوقۇغۇچى بىر تەرەپتىن، ۋاڭ چۈەنلۇڭنىڭ مەشغۇلات قائىدىسى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشىنى ئەستايىدىل ئاڭلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر خىل خام ئەشيالارنىڭ شىلىنىپ نەپىس زاپچاسلارنىڭ ياسىلىۋاتقانلىقىغا دىققەت بىلەن قاراپ تۇراتتى.

تيەنجىندە تەكشۈرۈشتە بولۇۋاتقان باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ ئەمەلىي مەشىق دەرسخانىسىغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. كۆز ئالدىدىكى كۆڭۈل قويۇپ دەرس سۆزلەۋاتقان، ئۆگىنىۋاتقان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ، باش شۇجى دەرسنى بۆلۈۋەتمىدى، بەلكى ۋاڭ چۈەنلۇڭ دەرسنى ئۆتۈپ بولغۇچە سەۋرچانلىق بىلەن ساقلاپ، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، كۆلۈمسىرىگەن ھالدا ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، پىكىر ئالماشتۇردى.

«بۇ مېنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى، نەتىجىدە يەنىلا باش شۇجىنى شۇنداق ئۇزاق ساقلىتىپ قويۇپتىمەن، مەن ھەم ھاياجانلاندىم، ھەم جىددىيلەشتىم.» ئۇ كۈندىكى كۆرۈنۈش ۋاڭ چۈەنلۇڭنىڭ خۇددى ھازىرقىدەكلا ئېسىدە ئىدى.

ئىستانوكنىڭ پىششىقلاش ئىقتىدارىدىن ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغىچە، يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالىغىچە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەپسىلىي سورىشى ۋاڭ چۈەنلۇڭنى چوڭقۇر ئىلھاملاندۇردى. «باش شۇجى شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ، ئىنتايىن تەپسىلىي سورىدى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ كەسپىي ماھارەت ئىختىساسلىقلىرىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم» دېدى ۋاڭ چۈەنلۇڭ ئەسلەپ.

ئارقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، شەھەر - بازارلاردىكى قىيىنچىلىقى بار خادىملار، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر، يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەشنى ياخشى ئىشلەپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قۇرۇلمىلىق ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى پەسەيتىش كېرەك.

«كىشىلىك ھايات يولىنىڭ ھەربىر قەدىمىنى پۇختا بېسىپ، ئاددىي ئىش ئورنىدا قالتىس نەتىجىلەرنى يارىتىشقا ماھىر بولۇش كېرەك.» باش شۇجىنىڭ سۆزى ھەم ماھارەت ئىختىساسلىقلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان تەنتەنىلىك تاپشۇرۇق، ھەم ۋاڭ چۈەنلۇڭنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئۇزلۇكسىز ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ مەنبەسى.

يىغىنقى يىللاردىن بۇيان، مەكتەپتىكى ئۇ تەربىيەلىگەن 8000دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى، كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ، ئوخشاش بولمىغان ساھە ۋە ئىش ئورۇنلىرىدا نۇر چاچتى، ھارارىتىنى تارقاتتى، ئۈچ ئوقۇغۇچى يەنە «مەملىكەت بويىچە تېخنىكا ماھىرى» دېگەن ئالاھىدە شەرەپكە ئېرىشتى. پۈتۈن مەملىكەتتە، ۋاڭ چۈەنلۇڭغا ئوخشاش بىر تۈركۈم كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلىگۈچى ئوقۇتقۇچىلار ئەمەلىي مەشىق تېخنىكا ئوقۇتۇشىدا يېڭىلىق يارىتىشنى تېزلىتىپ، ماھارەت ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇشقا ئاساس سالماقتا.

«كەلگۈسىدە، مەن چوقۇم باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماي، تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ تەربىيەلىنىپ تېخنىكا ئىگىلەش ئارقىلىق تېخىمۇ كەڭ زېمىننى كېزىپ، ئۆلارنىڭ كىشىلىك ھاياتىنى ئەھمىيەتكە ئىگە قىلدۇرىمەن.» بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا ۋاڭ چۈەنلۇڭنىڭ چىرايىدىن قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى.

**[مۇخبىرنىڭ خاتىرىسى]**

جاپا - مۇشەققەتكە چىداشقا تايىنىپ شەخسنىڭ ماھارىتىنى ئۇزلۇكسىز ئۆستۈرۈش، جەمئىيەت تالانتلىقلىرىنى سىجىل يېتىشتۈرۈش، سىجىل كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسىغا تولۇق ئېرىشىش. ۋاڭ چۈەنلۇڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئۇنىڭ «ئىشلىگەنلەر ھەق ئالالايدىغان بولۇش»ى ئىدى.

«ھەممىمىز تىرىشىپ ئۈچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتىمىز، بىز ھەممىمىز ئارزۇغا ئىنتىلگۈچىلەر.» 2019 - يىلى يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن بەخت ۋە ئارزۇ ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن كۈرەش قىلغۇچىلارنى تەرىپلىدى، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئىشەنچ ۋە ئەمەلىي كۈچ ئارقىلىق يېڭى مۇساپىگە باتۇرلۇق بىلەن ئاتلانغان ئارزۇغا ئىنتىلگۈچىلەرگە تىلەك تىلىدى.

«دۆلەت كەسپىي مائارىپ ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش لايىھەسى»نى ئوتتۇرىغا قويۇش، 100 مىليارد يۈەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى فوندىنىڭ ئېشىندىسىنى ئىشلىتىپ كەسپىي ماھارەتنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇش، ئالىي كەسپىي مەكتەپلەر ئارقىلىق 1 مىليون ئادەمنى كېڭەيتىپ قوبۇل قىلىشنى يولغا قويۇش لايىھەسى... پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كەسپىي مائارىپقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كەڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ كۈرەش قىلىشقا تايىنىپ، گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشىغا كۈچ قوشتى.

بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، ئارزۇغا ئىنتىلىپ ئالغا ئىلگىرىلەش. ئەستايىدىللىق بىلەن بىر ئۆمۈر كەسپىي ماھارەت تەربىيەسى بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغان ۋاڭ چۈەنلۇڭنىڭ «ھەممە يەردە شاگىرتى بولسىمۇ»، ئەمما ئۇ يەنىلا تېخىمۇ كۆپ ئوقۇغۇچىغا نۇر ۋە ھارارەت بېغىشلاشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

**[ئۈچىنچى ھېكايە]**

**ئەمگەك ئارزۇنى رويابقا چىقاردى، «چوڭ دۆلەت ھۈنەرۋەنلىرى» ئەسلى مەقسەتنى ئۆزگەرتمىدى**

7 - ئاينىڭ ئاخىرى، قۇياش ئوتتەك يالقۇنجاپ تۇراتتى. شۇگۇڭ گۇرۇھى شۇجوۋ ئېغىر تىپتىكى ماشىنىسازلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ 7200 نەچچە كۋادرات مېتىرلىق چوڭ تونىلىق كەپشەرلەش سېخىدا، 37 ياشلىق جاڭ خۇەيخۇڭ قېلىن كەپشەر مۇداپىئە كىيىمىنى كىيىپ، كەپشەرلىگۈچنى ئېلىپ ئىشلەۋاتقان بولۇپ، مونچاق - مونچاق تەر تامچىلىرى ئۇنىڭ يۈزىدىن سىرغىيتتى. ئەمما ئۇ باشتىن - ئاخىر بېلىنى ئېگىپ، پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ كەپشەرلەش مەشغۇلاتى قىلىۋاتاتتى — ئۇنىڭ ئالدىدا دۆلىتىمىز ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ياسىغان يەر شارى بويىچە ئەڭ چوڭ تونىلىق پۈتۈن يەر يۈزلۈك كىران، يەنى شۇگۇڭ 1600 توننا توققۇز كۆۋرۈكلۈك كىراننىڭ ئاساسىي ئاسما يەلكىسى تۇراتتى. 1999 - يىلى شۇگۇڭ گۇرۇھىغا بېرىپ پىراكتىكا قىلىشتىن ئالاھىدە ماھارەتكە ئىگە كەپشەرلەش ئالىي تېخنىكى بولۇپ يېتىشىپ چىققۇچە، جاڭ خۇەيخۇڭ كەپشەرلەش ئىش ئورنىدا بىر ئىشلىگەنچە 20 يىل ئىشلىدى. گەرچە خىزمەت «جاپالىق، مەينەت، ئېغىر» بولسىمۇ، ئەمما باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشەلىگەنلىكى ئۈچۈن، جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارى ۋە تەرىنى تەقدىم قىلالىغانلىقى ئۈچۈن، قانچە جاپالىق، قانچە مەينەت، قانچە ئېغىر بولسىمۇ، جاڭ خۇەيخۇڭ ئەزەلدىن ئاغرىنىپ باقمىدى.

2017 - يىلى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، قىش پەسلىدىكى شىمالىي جياڭسۇدا سوغۇق شامال نەشتەردەك ئۇرۇلۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن شۇگۇڭ گۇرۇھىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قىزغىنلىقىنى سوۋۇتالمىدى. پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ تۇنجى قېتىم ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ تەكشۈرۈشتە بولغانىدا، جياڭسۇ شۇجوۋغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان بىرىنچى بېكەتتە شۇجوۋ گۇرۇھىغا چۈشكۈر چۈكتى.

جاڭ خۇەيخۇڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ: كەڭ كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرى يېڭى دەۋردىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، ئىش ئورنىنى سۆيۈپ، كەسىپنى قەدىرلەپ، جان پىدالىق بىلەن تۆھپە قوشۇپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ روھى ۋە ھۈنەرۋەن روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كۈرىشىدە ھەممىدىن قالتىس بولۇشى كېرەك.

«باش شۇجى بىزگە بىر دەرس ئۆتتى: كارخانىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، خىزمەتچى بولۇش سۆيىتى بىلەن، ئەڭ ئاساسلىقى ئۆز خىزمىتىنى تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىشقا ئىنتىلىش كېرەك» دېدى جاڭ خۇەيخۇڭ.

كەپشەرلىگەندە «ئوپېراتسىيە قىلغان»دەك دەل بولۇشقا يېتىش ئۈچۈن، جاڭ خۇەيخۇڭ ھەر كۈنى بىرىنچى بولۇپ ئىش ئورنىغا كېلىپ، تۈز كەپشەرلەش، تىك كەپشەرلەش، يانتۇ كەپشەرلەش، ئوڭدىسىغا كەپشەرلەشنى بىر تۇر - بىر تۇردىن مەشىق قىلدى؛ ئۆرە تۇرۇپ، ئوڭدىسىغا يېتىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، دۈم يېتىپ بىر - بىرلەپ قىلىپ باقتى. كەپشەرلىگەن چاغدىكى مۇقىملىقنى ئەڭ زور دەرىجىدە كۈچەيتىش ئۈچۈن، بىلىكىگە قۇم خالتا تېڭىپ، خىش كۆتۈرۈپ، مۇشۇ ئارقىلىق بىلىكىنىڭ ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇردى.

چارچاشنى بىلمىگەن ھالدا كۈرەش قىلىش ۋە ئىزدىنىش بەدىلىگە باشقىلاردىن ھالقىپ چۈشىدىغان ماھارەت ئىقتىدارىغا ئېرىشتى: 2016 - يىلى 3 - نۆۋەتلىك جياڭسۇ ماھارەت ئەلىيۇلئەلالىرى مۇسابىقىسىدە «خاس مەخپىي ھۈنىرى»گە تايىنىپ، جاڭ خۇەيخۇڭ بىرىولىلا چېمپىيون بولدى؛ شۇگۇڭ 1600 توننا توققۇز كۆۋرۈكلۈك كىرانىنى كەپشەرلىگەندە جاڭ خۇەيخۇڭنىڭ يېڭىلىق ياراتقان ھۈنەر - سەنئىتى كەپشەرلەش ۋاقتىنىڭ يېرىمىنى قىسقارتتى؛ ئۇ يەكۈنلىگەن تارقاق كەپشەرلەش يېڭى ھۈنەر - سەنئىتى ئارقىلىق ئاسما يەلكىنىڭ ئاستىدىكى بۇرۇلۇش دەرىجىسىنى ئىككى - ئۈچ مىللىمېتىر ئارىلىقتا كونترول قىلغىلى بولىدۇ.

نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەت ۋە شان - شەرەپكە ئېرىشكەن جاڭ خۇەيخۇڭ تېخىمۇ ئېبسىل پەزىلەت يېتىلدۈردى: «مەن بىر ئاددىي ئىشچى، بىردىنبىر چىڭ تۇرىدىغىنىم كۈندىلىك خىزمەتنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، دۆلەت ۋە جەمئىيەتكە تېخىمۇ كۆپ تۆھپە قوشۇش. ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ بىر خىل ئېرىشىش تۇيغۇسىدۇر».

**[مۇخبىرنىڭ خاتىرىسى]**

كەسىپتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، كارخانىنىڭ تەرەققىياتى ۋە دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە بولۇپ، شەخسنىڭ قىممىتىنى دەۋرنىڭ سوقۇۋاتقان تومۇرىغا سىڭدۈرۈش. جاڭ خۇەيخۇڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئۇنىڭ «ئىشلىگەنلەر ھەق ئالالايدىغان بولۇش»ى ئىدى.

«ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي، ئىناق سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشتا، تۈپ نېگىزدىن ئېيتقاندا ئەمگەككە، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىجادىيىتىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جاراڭلىق سۆزلىرى ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش، جان تىكىپ ئېلىشىش، تىرىشىپ كۈرەش قىلىش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى، پۈتكۈل خەلقنى جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ گۈزەل ئىستىقبالىغا قاراپ ئۇزلۇكسىز ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇردى.

«يېڭى مەزگىلدىكى كەسىپ ئىشچىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشى ئىسلاھات لايىھەسى» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى، «ئىناق ئەمگەك مۇناسىۋىتى ئورنىتىش توغرىسىدىكى پىكىر» تۈزۈپ چىقىلدى... بىر قاتار تەدبىرلەر زىچ ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئىشلىگەنلەر ھەق ئالالايدىغان بولۇش، ئىناق ئەمگەك مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

بىر دۆلەتنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى مۇۋەپپەقىيىتى ھەمىشە ئادەتتىكى كىچىك ئىشلاردىن تەركىب تاپىدۇ؛ بىر دۆلەتنىڭ گۈللىنىپ قۇدرەت تېپىشى ھەمىشە خەلقنىڭ مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي كۈرەش قىلىشى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. ئەمگەك قىلىش ۋە كۈرەش قىلىش نەتىجىسىدە بۈگۈنكىدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردۇق؛ ئوخشاشلا ئەمگەك ۋە كۈرەش قىلىشقا تايىنىپ، بىز جەزمەن تېخىمۇ شانلىق ئەتىنى يارىتالايمىز!

**(مۇخبىرلار: بى خاۋمىڭ، فەن شى، ۋاڭ خۇي، سۇڭ رۇي، چېن گاڭ)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يولداشلارغا، بەنزىگە، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىغا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش روھى بىلەن، ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قاتتىق، ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، ئۆزئارا تەنقىدنى ھەقىقىي، ئەمەلىي قانات يايدۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پەرق ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى توغرا تېپىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيەۋىلىك ئېڭى، پارتىيە ئەزالىق ئېڭى، ئىنتىزام ئېڭىنى كۈچەيتىپ، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئاساس سالدى.

چېن چۈەنگو خۇلاسە سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى مەخسۇس تېمىلىق يىغىننى پۇرسەت بىلىپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆگىنىپ، پارتىيە نىزامنامىسىگە رىئايە قىلىپ، پارتىيە نىزامنامىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە نىزامنامىسىنى قوغداپ، پارتىيە نىزامنامىسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارغا ياخشى باشلامچى بولۇپ، ئۈلگە بولۇپ، تىرىشىپ پارتىيە نىزامنامىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سۆز - ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ تەلىپى بويىچە تەرتىپلىك ئىش بېجىرىشتەك قويۇق كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. بىرىنچى، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىش كېرەك. پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىنى ئۆگىنىشنى ئاساسىي ماھارەت ۋە زۆرۈر دەرسلىك قىلىپ، ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىدا ئېتىقاد «ئاساسىي چېكى»نى مۇستەھكەملەپ، ھەرىكەت «چەك - چېگراسى»نى قېلىپلاشتۇرۇپ، تۈزۈم «قىزىل سىزىقى»نى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، سىياسىي مەنزىل، ئىدىيە مەنزىلى، ئەخلاق مەنزىلىنى ئۇزلۇكسىز ئۆستۈرۈپ، سىياسىي ئىرادە، ئىنتىزام ئىرادىسى، ئەخلاق ئىرادىسى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئىرادىسىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىككىنچى، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىگە باشلامچىلىق بىلەن رىئايە قىلىش كېرەك. پارتىيە ئەزالىق ئېڭى ۋە پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، تەلەپچانلىق ئېڭى، ئۆلچەم بايرىقى ئېڭى ۋە ئۈلگە ئېڭىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە نىزامنامىسىنى پارتىيەۋىلىك جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشنى كۈچەيتىشتىكى تۈپ ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە خىزمىتى، پارتىيە ئىچىدىكى پائالىيەت، پارتىيە قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى تۈپ ئاساس قىلىپ، باشتىن - ئاخىر ئىنتىزام ۋە قائىدىنى ئالدىغا قويۇپ، سىياسىي ئېتىقادنى ئۆزگەرتمەسلىك، سىياسىي مەيداندا تەۋرەنمەسلىك، سىياسىي يۆنىلىشتىن ئېغىپ كەتمەسلىكنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچى، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىنى باشلامچىلىق بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. بايرىقى روشەن ھالدا پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يادرولۇق ئورنىنى قەتئىي قوغداپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قوغداپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجرا قىلىپ، ھەر ۋاقىت قانۇن، ئىنتىزام، تۈزۈم، قائىدە، ئەخلاق ئۆلچىمىنى قەلبتە مەھكەم ساقلاپ، مەخسۇس تېمىلىق يىغىننىڭ نەتىجىلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ھەقىقىي، ئەمەلىي تۈردە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، كېسەل ئوچىقىنى تۈگىتىپ، ئەمەلىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىغا باش تېپما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى كۆرسىتىش كېرەك. تۆتىنچى، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىنى باشلامچىلىق بىلەن قوغداش كېرەك. ئۆزىنىڭ بىرىنچى سالاھىيىتىنىڭ كومپارتىيە ئەزاسى، بىرىنچى ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنىڭ پارتىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىكەنلىكىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، باشتىن - ئاخىر پارتىيەنى قەلب تۆرىگە قويۇپ، پارتىيەلىكلەر پارتىيەنى سۆيۈپ، پارتىيەلىكلەر پارتىيە ئۈچۈن سۆزلەپ، پارتىيەلىكلەر پارتىيەنىڭ غېمىنى يەپ، پارتىيەلىكلەر پارتىيەنىڭ ئىشلىرىنى كۆزلەپ، قەتئىي ھالدا پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىنىڭ قەتئىي ئىجراچىلىرى ۋە سادىق قوغدىغۇچىلىرىدىن بولۇپ، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىنىڭ نوپۇزى ۋە كەسكىنلىكىنى قوغداپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ھېيىقىشنى بىلىشى، ھەزەر ئەيلىشى، تۆۋەن چەكنى ساقلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، پارتىيە نىزامنامىسىگە ھۆرمەت قىلىش، پارتىيە ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىشتىكى ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. بەشىنچى، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىنى باشلامچىلىق بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەك. پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشاننى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر قوللىنىپ، «بىرىكمە مۇشت» ئېتىپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتقا ئائىت تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، كىشىلەر قەلبىنى ئەڭ زور چەكتە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مۇجەسسەملەپ، شىنجاڭ خىزمىتىدە باشتىن - ئاخىر باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسەتكەن توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.